## 191379 ـ ھەدىس شىرىپتا ئاللاھنى زىكىر قىلىش روزا تۇتقۇچىنىڭ ئۇسسۇزلىقىنى يوق قىلىدۇ ياكى يەڭگىللىتىدۇ؟ دەپ بايان قىلىنغانمۇ؟

**سۇئال**

روزا تۇتقۇچى ئۇسسۇزلۇقنى ھېس قىلغاندا ئاللاھنى زىكىر قىلسا، ئۇنىڭ بىلەن تىلى نەم بولۇپ ئۇسسۇزلۇقى يوق بولىدۇ؟ دېگەن مەزمۇندا ھەدىس بايان قىلىنغانمۇ؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

ھەدىس كىتابلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن بۇ مەزمۇندىكى ھەدىسنى كۆرمىدۇق، شەرىئەتتە ئۇسسۇزلۇق بىلەن زىكىرنىڭ ئارىسىدا بىرەر ئالاقە بولغانلىقنى بىلمەيمىز. لېكىن سوئال سورىغۇچى مۇنۇ سەھىھ ھەدىسنى چۈشەنمىگەن بولىشى مۇمكىن:  ئابدۇللاھ بىن بۇسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى !ماڭا شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرى كۆپ بولۇپ كەتتى، ماڭا دائىم ئەمەل قىلىدىغان بىر ئىشنى خەۋەر بەرگەن بولساڭلا؟ دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «تىلىڭىز دائىم ئاللاھنى زىكىر قىلىش بىلەن نەم بولسۇن» دېدى.[ تىرمىزى رىۋايىتى 3375 –ھەدىس. ئىبنى ماجە رىۋايىتى 3793 –ھەدىس. شەيخ ئەلباني رەھىمەھۇللاھ سەھىھ دەپ "تىرمىزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا" كەلتۈرگەن .]

بۇ روزا تۇتقۇچى ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىدۇر، لېكىن روزىدار ھالەتتە ئاللاھنى بەك ياد قىلىش كېرەك بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭ روزا ياكى ئۇسسۇزلۇق بىلەن ھېچ ئالاقىسى بولمايدۇ، بۇنىڭدىن بولغان مەقسەت، تىلىڭىز ھەر ۋاقىت ئاللاھنى ياد قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرسۇن، تىلنىڭ ھەرىكىتى ئازلاپ قۇرۇپ قالغانغا قەدەر ئاللاھنى ياد قىلىشتىن ئۈزۈلمىسۇن  دېمەكتۇر.

مۇبارەك پورى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ " :كۆپ زىكىر قىلىش بىلەن تىلىڭىز نەم بولۇپ تۇرسۇن دېمەكتۇر. " ["تۆھپەتۇل ئەھۋەزى"].

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ" ۋابىل سەييىب مىن كەلىمە تەييىب "ناملىق ئەسەرىنىڭ- 41 بەتتە مۇنداق زىكىر قىلىدۇ" : ھەقىقەتەن ئاللاھنى زىكىر قىلىشنىڭ پايدىسى يۈزدىن ئاشىدۇ دەپ ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنى زىكىر قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ پايدىلىرىدىن

ئاللاھنى زىكىر قىلىش ئۇسسۇزلۇقنى يەڭگىللىتىدۇ ياكى روزا تۇتقۇچىنىڭ ئۇسسۇزلىقىنى يوق قىلىدۇ دېگەننى زىكىر قىلمىدى."

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.